


# شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كۆرىشىدە بىرلىككە كېلىشكە تېگىشلىك مۇھىم نوقتىلار

(مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەر ئۈچۈن)

ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى
2018-يىلى 12-نويابىر

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز.............................................1

1. «ئۇيغۇر» ۋە «شەرقىي تۈركىستان» ئاتالغۇلىرىنىڭ ئىنگلىزچە ۋە ئۇيغۇر لاتىن كومپيۇتېر يېزىقىدىكى يېزىلىشىنى قېلىپلاشتۇرۇش.......................................2

2. «شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەر كۆلىمى» نى بىرلىككە كەلتۈرۈش ....... ............ 4

3. «شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايراق رەڭگى بىلەن مەنىسى ۋە بايراقنىڭ مۇقەددەسلىكى»..........................................................8

4. «شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆلچەملىك دۆلەت گىربى ۋە مەنىسى» ................ 11

5. شەرقىي تۈركىستاندىكى «ئۇيغۇر نوپۇس سانى» نى بىرلىككە كەلتۈرۈش................13

6. ۋەتەن ئىچى - سىرتىدىكى «شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ نوپۇس سانى» نى بىرلىككە كەلتۈرۈش ....................................................16

7. «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال مارشىنىڭ ئەسلى تېكىستى»...................... 20

## كىرىش سۆز

شەرقىي تۈركىستان داۋاسى خەلقئارالاشقان بۈگۈنكى باسقۇچتا، مەزكۇر داۋانى تېخىمۇ پۇختا ئىلمىي ۋە نەزەرىيەۋىي ئاساسقا ئىگە قىلىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ھەم ئانتولوگىيەلىك ھەم ئېپىستومولوگىيەلىك جەھەتتىن كۈچلۈك دەلىل-ئىسپاتلار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم.

ھازىرقى دۇنيا سىياسىي تىل سېستىمىسىدا، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، كىشىلىك ھوقۇق، ئېكولوگىيە ۋە ھايۋان ھەقلىرى دېگەندەك قىممەت يۈكلەنگەن ئۇقۇم ۋە تەلەپپۇزلار ئىناۋەتلىك بولۇۋاتىدۇ. بۇ ئۇقۇم ۋە تەلەپپۇزلارنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشى ئۈچۈن سەممىي ۋە دۇرۇست بولۇش كېرەك.

ھەممىگە مەلۇم بولغاندەك، شەرقىي تۈركىستان داۋاسى ھەقلىق بىر داۋادۇر. بۇ ھەققانىي داۋانى ھاياجان ۋە ھېسسىياتچانلىق بىلەن يۈزەكى ۋە خاتا مەلۇماتلار ئارقىلىق خۇنۇكلەشتۈرۈش، كىشىلەرنىڭ زېھنىنى قايمۇقتۇرۇش، گۇمان ۋە ئىشەنچسىزلىك پەيدا قىلىش ئىنتايىن زىيانلىقتۇر. ئابدۇلھەمىد قاراخان ۋە ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسىدىكى تەتقىقاتچى ۋە زىيالىيلارنىڭ ئۆز-ئارا ئىلمىي مۇنازىرە قىلىشى ۋە ئىزدىنىشى نەتىجىسىدە ۋۇجۇتقا چىققان ئۇشبۇ ئەسەر بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ ئەسەردە، «شەرقىي تۈركىستان» ۋە «ئۇيغۇر» ئاتالغۇلىرىنىڭ خەلقئارادا ئىنگلىزچە ئۆلچەملىك يېزىلىشى بىلەن ئۇيغۇر لاتىن كومپيۇتېر يېزىقىدا ئۆلچەملىك يېزىلىشى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەر كۆلىمى، ئاي-يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىمىزنىڭ ئۆلچەملىك رەڭ كودى ۋە مەنىسى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆلچەملىك دۆلەت گېربى ۋە مەنىسى، ۋەتەن ئىچى-سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ نوپۇسى ۋە شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال مارشىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى قاتارلىق بەزى ئاساسلىق مەسىلىلەردە كۆرۈلۈۋاتقان خاتالىقلارنى تۈزىتىش ۋە كەمچىلىكلەرنى تولۇقلاش جەھەتتە كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىلگەن. ئەلۋەتتە، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر بۇنىڭلىق بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش باشقا مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىپ ۋاقتىدا تۈزىتىش پىكىر بىرلىكى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن زۆرۈر.

ئاخىرىدا، بۇ ئەسەرنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلغان ئابدۇلھەمىد قاراخان قاتارلىق ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسىدىكى بارلىق تەتقىقاتچى-زىيالىيلارنى، تىرىشچانلىقلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستان داۋاسى يولىدا سىڭدۈرگەن ئىلمىي ئەمگىكى مۇناسىۋىتى بىلەن قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

ھۆرمەت ۋە ئالىي ئېھتىرام بىلەن:

- پروفېسسور دوكتور ئالىمجان ئىنايەت (ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى رەئىسى، تۈركىيە ئەگە ئۇنىۋېرسىتېتى تۈرك دۇنياسى تەتقىقات ئېنىستىتۇتى ئوقۇتقۇچىسى)

## 1. «ئۇيغۇر» ۋە «شەرقىي تۈركىستان» ئاتالغۇلىرىنىڭ ئىنگلىزچە ۋە ئۇيغۇر لاتىن كومپيۇتېر يېزىقىدىكى يېزىلىشىنى قېلىپلاشتۇرۇش

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، مىللەت ۋە تىل نامىمىز بولغان مۇبارەك «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسىنىڭ ئىنگلىزچە يېزىلىشى ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا رەسمى ھۆججەتلەردە ۋە تۈرلۈك تاراتقۇلاردا **Uigur**، **Uiguir**، **Uighuir**، **Uighur**، **Uygur**، **Uyghur** ۋە **Weiwuer** دېگەندەك ھەر خىل يېزىلىپ ئىشلىتىلمەكتە.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە، جۇغراپىيەلىك نام ۋە تارىخى دۆلىتىمىزنىڭ ئىسمى بولغان «شەرقىي تۈركىستان» ئاتالغۇسىنىڭ ئىنگلىزچە يېزىلىشى ۋەتەن سىرتىدا رەسمى ھۆججەتلەردە ۋە تۈرلۈك تاراتقۇلاردا **East Turkistan**، **East Turkestan**، **Eastern Turkistan** ۋە **Eastern Turkestan** دېگەندەك ھەر خىل شەكىلدە يېزىلىپ ئىشلىتىلىپ كېلىنمەكتە.

يۇقارىدىكىدەك قالايمىقانچىلىق سەۋەبىدىن، ئىنگلىز تىلىدىكى مەتبۇئاتلاردا «ئۇيغۇر» ۋە «شەرقىي تۈركىستان» ئاتالغۇلىرىنىڭ يېزىلىشىنىڭ ھەر خىل ئىشلىتىلىشى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئوقۇرمەنلەردە ئېنىقسىزلىق تۇغدۇرۇپ ئوقۇرمەنلەرنى قايمۇقتۇرماقتا ۋە مۇئەللىپلەرنى ئىملا تاللاش قىيىنچىلىقىغا سالماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇچۇر تېخنىكىسى ساھەسىدە، بولۇپمۇ ھەر خىل يۇمشاق دېتاللار، پروگرامما لايىھەلەش تىللىرى، يۇقىرى تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىدا مىللىتىمىز، تىلىمىز ۋە دۆلىتىمىز نامىنى (خۇددى باشقا مىللەت، باشقا تىل ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ نامىغا ئوخشاش) بىردىنبىر ئېپادىلەشكە توغرا كېلىدىغان بولغاچقا قايسى خىل ئىملاسىنى تاللاشتا قىيىنچىلىق كۆرۈلمەكتە.

«ئۇيغۇر» ئاتالغۇسىنىڭ ئىنگلىزچە ئىملاسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدا ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار، چەتئەللىك تىلشۇناسلار ۋە ئۇيغۇرشۇناسلار ئارىسىدا كۆپ قېتىم كەسكىن مۇنازىرە قىلىش نەتىجىسىدە، ئەڭ ئاخىرقى تاللاشتا «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسى يەنىلا «**Uyghur**» غا مەركەزلىشىپ، 2006-يىلى 10-ئاينىڭ 11-كۈنىدىن باشلاپ ۋەتەن ئىچىدە ئومۇملاشقان ۋە ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ كەڭ قوللىنىشقا باشلىغان.

«شەرقىي تۈركىستان» ئاتالغۇسىنىڭ ئىنگلىزچە ئىملاسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدا ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇر زىيالىلار ۋە تىلشۇناسلار ئارىسىدىمۇ كۆپ قېتىم تالاش - تارتىش بولغان. نەتىجىدە، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈرك قەۋملىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، «شەرقىي تۈركىستان» ئاتالغۇسىنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى «**East Turkistan**» غا مەركەزلىشىپ ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلاردا ئومۇملىششقا باشلىغان. تۈركمەنىستان **Turkmenistan**، تاجىكىستان **Tajikistan** ۋە پاكىستان **Pakistan** ئىبارىلىرىنىڭ ئاخىرلىرىدىمۇ **estan** ئەمەس، بەلكى **istan** شەكلىدە ئېلىنغان.

يۇقارىقى ئاتالغۇلار توغرىسىدا ئۇيغۇر زىيالىلار ئارىسدا ۋە شۇنداقلا ئۇيغۇرلار بىلەن چەتئەللىك تىلشۇناسلار ئارىسىدىمۇ مۇنازىرە قىلىنغان بولۇپ، كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ **Uyghur** ۋە **East Turkistan** نى ئىشلىتىشتە چىڭ تۇرۇشى، بىر قىسىم چەتئەللىك تىلشۇناسلارنىڭ قوللىشىنىمۇ قولغا كەلتۈرگەن بولۇپ «قايسىسىنى تاللاشتا ئۇيغۇرلارنىڭمۇ رايىغا بېقىش كېرەك» دېگەن خۇلاسىگە كېلىنگەن.

چەتئەلدىكى ئۇيغۇر زىيالىلار «شەرقىي تىمور» ئاتالغۇسىنىڭ ئىنگلىزچە يېزىلىشىنىڭ **East Timor** ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى «شەرقىي گېرمانىيە» ئاتالغۇسىنىڭ ئىنگلىزچە يېزىلىشىنىڭ **East Germany** ئىكەنلىكىنى مىسالغا ئېلىپ، شەرقىي يەنى بىر جۇغراپىيەنىڭ شەرق قىسمىغا تەۋە مەنىسىدىكى بۇ سۆزنى **Eastern** ئەمەس، بەلكى دۆلەت ئىسىملىرىنى قوللانغاندا ئىشلىتىلگەن شەكلى بويىچە **East** شەكلىدە ئىشلىتىلسە توغرا بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ھالدا ۋەتىنىمىز «شەرقىي تۈركىستان» نىڭ ئىسمىنى **East Turkistan** شەكلىدە قوللىنىشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى جەزملەشتۈرۈلدى.

شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇر ئىسىملىرىنىڭ ئۇيغۇر لاتىن يېزىقىدا ئۆلچەملىك يېزىلىشى مەسىلىسىدە، ۋەتەندە ئومۇملاشقان ئۆلچەملىك لاتىنچە ئۇيغۇر كومپيۇتېر يېزىقىنى ئىشلىتىپ، «**Sherqiy Türkistan**» ۋە «**Uyghur**» دەپ ئېلىش تېخىمۇ مۇۋاپىق دەپ قارالدى.

ۋەتەن ئىچىدە ئۇيغۇرلارغا ئائىت ئىنگلىز تىلى ئاتالغۇلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇدىغان ھوقۇقلۇق مۇستەقىل ئورگىنىمىز بولمىغاچقا، ھازىرچە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر زىيالىلارنىڭ ۋەكىللىك ئورگانلىرىدىن بىرى بولغان ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى «ئۇيغۇر» ۋە «شەرقىي تۈركىستان» ئاتالغۇلىرىنىڭ ئىنگلىزچە يېزىلىشىنى يۇقارىقىدەك بېكىتىشنى قارار قىلدى. مەسىلىنى بۇ شەكىلدە ھەل قىلىش ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى زىيالىلار، ئۇيغۇر تىلشۇناسلار ۋە مىللىتىمىزنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۈمىدى.

ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى

شەرقىي تۈركىستان East Turkistan

ئۇيغۇر Uyghur

بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن «ئۇيغۇر» ۋە «شەرقىي تۈركىستان»

ئاتالغۇلىرىنىڭ ئىنگلىزچە ئۆلچەملىك يېزىلىشى

ئاخىردا، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەر «ئۇيغۇر» ۋە «شەرقىي تۈركىستان» ئاتالغۇلىرىنى ئىنگلىزچە تاراتقۇلاردا ئىشلەتكەندە، ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن «**Uyghur**» ۋە «**East Turkistan**» نى قوللىنىشنى ۋە شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇر ئىسىملىرىنىڭ ئۇيغۇر لاتىن يېزىقىدا ئۆلچەملىك يېزىلىشىنى بولسا، ۋەتەندە ئومۇملاشقان ئۆلچەملىك لاتىنچە ئۇيغۇر كومپيۇتېر يېزىقىنى ئىشلىتىپ، «**Sherqiy Türkistan**» ۋە «**Uyghur**» دەپ ئېلىشنى، ھەم شۇنداقلا ئۇيغۇر ۋە چەتئەل مەتبۇئات - تاراتقۇلىرىدا بۇ ئاتالغۇلارنىڭ كەڭ ئومۇملىشىشى ئۈچۈن ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلەش ۋە تەشۋىق قىلىشقا چاقىرىق قىلىمىز.

- ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى ئاكادېمىكلار كېڭىشى، **2018** - يىلى **6** - ئاينىڭ **7** - كۈنى، ئىستانبۇل

## 2. «شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەر كۆلىمى» نى بىرلىككە كەلتۈرۈش

ھەممىمىزگە ئايان بولغىنىدەك، شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەر كۆلىمى ھازىرقى مەۋجۇت يەر مەيدانىدىن خېلىلا كۆپ بولغان. ھازىر، شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەر مەيدانىنى خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتى 1,664,900 كۋادرات كېلومېتىر[1] دىسە، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت 1,660,000 كۋادرات كېلومېتىر[2] دەپ ئىككى خىل ئىلان قىلماقتا. كېيىنكى يىللاردا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەتبۇئات ۋە تارتقۇلىرىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەر مەيدانىنى 1,600,000 كۋادرات كېلومېتىر دەپ كېمەيتىۋەتكەن ئەھۋاللارمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى زامان مۇستەملىكە تارىخىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، چىڭ سۇلالىسى تۇنجى قېتىم 1759-يىلى شەرقىي تۈركىستانىنى بېسىۋالغاندا شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەر مەيدانى ئىككى مىليون كۋادرات كېلومېتىردىن خېلىلا ئارتۇق بولغان.[3] بۇ مەلۇمات ئامېرىكا كانزاس ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ بۆلۈمىدىن **Joy R. Lee** تەرىپىدىن يېزىلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ شەكىللىنىشى» ناملىق ماگىستىرلىق ئىلمىي ماقالىسىنىڭ 61-بېتىدە **James Millward** ۋە **Peter Perdue** تەرىپىدىن يېزىلغان **China's Muslim Borderland** دىگەن كىتابنى مەنبە قىلىپ تۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

تارىختا، چىڭ سۇلالىسى ئۆزى بېسىۋالغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۇپراقلىرىنى رۇسىيەگە تارتقۇزۇپ قويغان ياكى سېتىپ خەجلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مىللەتچى خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىمۇ شەرقىي تۈركىستانغا خوشنا خىتاي ئۆلكىلىرىگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىر قىسىم تۇپراقلىرىنى قوشۇپ بەرگەنلىكىدەك قىلمىشلارمۇ تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا.

خىتاي مەتبۇئاتلىرىدا دېيىلىشىچە، چىڭ سۇلالىسى 1851-يىلى چار رۇسىيە بىلەن "ئىلى-تارباغاتاي سودا نىزامنامىسى" نى ئىمزالاپ، بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ يەتتەسۇ رايونىنى چار رۇسىيەگە تارتقۇزۇپ قويغان.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، 1864-يىلى "چىڭ سۇلالىسى - چار روسىيە غەربىي شىمال چېگرىسىنى چارلاپ ئايرىش كېلىشىمى" دە ئىلى رايونىنىڭ غەربىدىكى 440 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق زېمىنىنى چىڭ سۇلالىسى چار رۇسىيەگە تارتقۇزۇپ قويغان[4].

چار رۇسىيەگە تارتقۇزۇپ قويۇلغان شەرقىي تۈركىستان تۇپراقلىرىنىڭ خەرىتىدىكى ئورنى تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىلگەن[5]:




رەسىم ـ 1: 1864 ـ يىلى چار رۇسىيە چىڭ سۇلالىسىدىن تارتىۋالغان شەرقىي تۈركىستان تۇپرىقى

چىڭ سۇلالىسى 1881 ـ يىلى چار رۇسىيە بىلەن «پېتېربۇرگ ئىلى شەرتنامىسى» گە ئىمزا قويۇپ، ئىلى قورغاس دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى تۇپراقلارنى رۇسىيىگە بۆلۈپ بېرىدۇ. شەرتنامىدە، «ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى كۆلزات كەنتىنىڭ شەرقىي جەنۇبى 1864 ـ يىلى "غەربىي ـ شىمال چېگرىسىنى چارلاپ ئايرىش شەرتنامىسى" دە بېكىتىلگەن كونا چېگرا بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئالتاي ۋە تارباغاتاي زېمىنىنىڭ چېگرا مەسىلىسىدە، كۆيتۆندىن ساۋۇر تېغىغىچە بولغان ئارىلىقتىن بىر تۈز سىزىق سىزىلىدۇ.[6]» دەپ بېكىتىلگەن.




رەسىم ـ 2: سۋېن ھېدىن كىتابىدىكى 1935 ـ يىلىغا ئائىت «شەرقىي تۈركىستان» خەرىتىسى

سۇن ھىندىنىڭ 1927 ـ يىلىدىن 1935 ـ يىلىغىچە شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بارغان ئېكىسپېدىيە تەكشۈرۈشى جەريانىدا يازغان «ما جۇڭ يىڭنىڭ قېچىشى» ناملىق كىتابىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېتىدىكى «شەرقىي تۈركىستان خەرىتىسى» دە بېرىلگەن 1:7 مىل نىسبىتىدىكى ماسشتاپ بويىچە ھېساپلىغاندا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ 1935 ـ يىلىدىكى مەۋجۇت يەر مەيدانى تەخمىنەن 1,828,680 كۇۋادىرات كىلومىتىر[7] ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. بۇ سانلىق مەلۇمات، يىللاردىن بېرى مۇھاجىرەتتىكى كۆپلىگەن شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ 1949 ـ يىلىدىن بۇرۇنقى بىر قىسىم چەتئەل مەتبۇئاتلىرى تەمىنلىگەن مەنبەلەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەر كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن 1.828.418 كۇۋادىرات كىلومېتىر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنىڭ ئاساسسىز ئەمەسلىكىنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتى بولالايدۇ.

كومىنىست خىتايلار تەرىپىدىن 1949 ـ يىلى بېسىۋېلىنغان «شەرقىي تۈركىستان» دۆلىتىمىزنىڭ ئەسلىدىكى يەر كۆلىمىنى بىلىشىمىز، ۋە بۇ تۈر سانلىق مەلۇماتلاردا بىرلىككە كېلىشىمىز تولىمۇ زۆرۈر. شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ۋاقتىمىزدا، خىتاي ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە قوشۇۋېتىلگەنلىكى ئېلگىرى سۈرۈلگەن 163,518 كۇۋادىرات كىلومېتىر (دۆلەتلەر ئارىسىدا يەر كۆلىمىدە 91 ـ ئورۇندىكى تۇنۇس جۇمھۇرىيىتىچىلىك) ۋەتەن تۇپرىقىمىزنى تەلەپ قىلىپ خىتايدىن قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشىدا ھەقلىق ئورۇنغا ئۆتتۈشىمىزدە بەلگىلىك ئىجابى رول ئوينايدۇ.

مەۋجۇت شارائىتتا، مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىمىز تېخى ئەسلىگە كەلمىگەچكە، ھازىرچە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر زىيالىلارنىڭ ۋەكىللىك ئورگانلىرىدىن بىرى بولغان ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى «شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەسلىدىكى يەر مەيدانى تەخمىنەن 1.828.418 كۇۋادرات كىلومېتىر دەپ بېكىتىشنى قارار قىلدى.




ئوتتۇرىغا قويۇلغان يەر مەيدانى سانلىق مەلۇماتى يۈزدە يۈز توغرا ۋە مۇۋاپىق بولۇشى ناتايىن، ئەمما ھېچ بولمىغاندا ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ ئەتراپلىق ئىزدىنىشى ۋە تەتقىقاتى نەتىجىسىدە، مەلۇم بىر مەنبەگە تايىنىپ تۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەسىلىنى بۇ شەكىلدە ھەل قىلىش ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلار ۋە مىللىتىمىزنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۈمىدى.

ئاخىرىدا، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەر كۆلۈمى ھەققىدە تاراتقۇ ۋە مەتبۇئاتلاردا مەلۇمات بەرگەندە، بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن «شەرقىي

تۈركىستاننىڭ ئەسلىدىكى يەر مەيدانى تەخمىنەن 1.828.418 كۋادرات كىلومېتىر» دەپ مەلۇمات بېرىشنى سەممىي تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە، بۇ سانلىق مەلۇماتلارنىڭ كەڭ ئومۇملىشىشى ئۈچۈن ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلەش ۋە تەشۋىق قىلىشقا چاقىرىق قىلىمىز.

- ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى ئاكادېمىكلار كېڭىشى، 2018 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، ئىستانبۇل

پايدىلانغان مەنبەلەر:


[1] ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى (ختايچە) «كومنىست ختاي مەركىزى ھۆكۈمەت تورى» http://www.gov.cn/test/2013-04/07/content_2371589.htm (ئېرىشىلگەن ۋاقتى 2018 ـ يىلى 29 ـ ئىيۇن)

[2] ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى (ختايچە) «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت تورى» http://www.xinjiang.gov.cn/ljxj/index.html (ئېرىشىلگەن ۋاقتى 2018 ـ يىلى 29 ـ ئىيۇن)

[3] Joy R. Lee (ئامېرىكا كانزاس ئۇنىۋېرستېتى تارىخ بۆلۈمى)، 2005 ـ يىلى، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ شەكىللىنىشى ماگېستىرلىق ئىلمىي ماقالىسى، 61 ـ بەت، ئامېرىكا كانزاس ئۇنىۋېرستېتى

[4] ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە تارىخى تەتقىقاتى ئىشخانىسى، 1999 ـ يىلى، شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرەش تارىخى، 16 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

[5] چار رۇسىيە ۋە سېۋىت ئىتتىپاقىنىڭ بېسىۋالغان چېك سۇلالىسى زېمىنلىرى «سىنا تورى» http://blog.sina.com.cn/s/blog_5ce1af980102wbl6.html (ئېرىشىلگەن ۋاقتى 2018 ـ يىلى 25 ـ ئىيۇل)

[6] ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە تارىخى تەتقىقاتى ئىشخانىسى، 1999 ـ يىلى، شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرەش تارىخى، 24 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

[7] سىۋېن ھېدىن (Sven Hedin)، 1935 ـ يىلى، «ما جۇڭ يىڭنىڭ قېچىشى»، ئاخىرقى بەت، ئالبېرت بوننىرس نەشرىياتى، ستوكھولم (Albert Bonniers, Stockholm)

### 3. «شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايراق رەڭگى بىلەن مەنىسى ۋە بايراقنىڭ مۇقەددەسلىكى»

شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنىڭ رەڭگى مەسىلىدە، ھازىر مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار **1933** ـ يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» تەرىپىدىن بېكىتىلگەن ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنىڭ رەڭگىنى ئاساسىي ئۆلچەم قىلماقتا.

مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇيغۇر ئاكتىپ پائالىيەتچىلىرى بايراق رەڭ كودى ئۆلچىمىدە تېخى بىرلىككە كېلىپ بولالمىغاچقا، نامايىش ۋە مۇراسىملاردا ئىشلىتىلگەن بايراقلارنىڭ بىرى ناھايىتى سۇس ۋە يەنە بىرى ناھايىتى قېنىق رەڭدە بولۇپ قېلىپ، ئوخشاش بىر پائالىيەتتە كۆك رەڭلىك بايراقلىرىمىز رەڭ جەھەتتە بىر ـ بىرىدىن رۇشەن پەرقلىنىپ، چەتئەللىكلەر ۋە دۈشمەن تاجاۋۇزچى خىتاي ئالدىدا ئوڭايسىز بىر ئەھۋال شەكىللەنمەكتە.




رەسىم ـ 3: رەڭ كودلىرى پەرقلىق بولغان شەرقىي تۈركىستان بايراقلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى

ھازىر مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇيغۇر ئاكتىپلىرى تەرىپىدىن تەييارلىنىپ تارقىتىلىۋاتقان بايراقلارنىڭ رەڭ كودلىرى ئاساسلىق يۇقارقىدەك ئۈچ خىل پەرقلىق رەڭ كودلىرىدا بولماقتا.




ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى ئاكادېمىكلار كېڭىشىدىكى تەتقىقاتچىلار، شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنىڭ رەڭگىنىڭ بەكمۇ سۇس ياكى بەكمۇ قېنىق ئەمەسلىكىنى، ئوتتۇراھال كۆك سۇزۇك رەڭنى ئۆلچەملىك بايراق رەڭگى قىلىشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ھەم پىكىردە بولماقتا. شۇڭا يۇقارقى شەرقىي تۈركىستان بايراقلىرىنىڭ رەڭ كودلىرىغا قارىغاندا، **#65B7FF** نومۇرلۇق رەڭ كودىدىكى بايراق

رەڭگىنىڭ سۇزۇك بولۇپ، 1933 ـ يىلىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي ـ يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىنىڭ رەڭگىگە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى جەزىملەشتۈرگىلى بولىدۇ.

هازىرقى ئەھۋالىمىزدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇندىن بۇرۇن باستۇرۇلۇپ بولغان رەڭ جەھەتتە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدىغان بايراقلارنى ئالماشتۇرۇشقا ئامال يوق. بۇندىن كېيىن باستۇرماقچى بولغان شەرقىي تۈركىستان بايراقلىرىنى #65B7FF نومۇرلۇق كۆك رەڭ كودىنى ئۆلچەم قىلىپ ياساتقاندا، بىر قانچە يىلدىن كېيىن، بارلىق پائالىيەتلەردە ئاساسەن ئوخشاش رەڭدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي ـ يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.



شەرقىي تۈركىستان بايرىقىدىكى ئاي ـ ئىسلامىيەتكە، يۇلتۇز ـ شۇ تۇپراقنىڭ ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇر قاتارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا سىمۋول قىلىنغان بولسا، كۆك رەڭ تارىختىن بېرى ئۇيغۇر قاتارلىق تۈرك قەۋملىرى تەرىپىدىن ئۇلۇغلاپ كېلىۋاتقان رەڭ بولۇپ، ھۆرلۈك ۋە مۇستەقىللىققە سىمۋول قىلىنغان.

ئەمدى شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنىڭ مۇقەددەسلىكىدە ھېچ شەك يوق. چۈنكى بۇ بايراقنى شەرقىي تۈركىستان ئاسمىنىدا لەپىلدىتىش ۋە شەرقىي تۈركىستان زېمىنىنىڭ ھەر يېرىگە تىكلەش ئۈچۈن نەچچە مىليۇنلىغان شەرقىي تۈركىستانلىق قان ئاققۇزۇپ ۋەتەن ئۈچۈن شېھىد بولدى. نۇرغۇن دۆلەتلەر ئۆز بايرىقىنىڭ مۇقەددەسلىكى ۋە ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى سەۋەبلىك بايراققا ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملارنى تۈزگەن ۋە دۆلەت بايرىقىنى خارلاپ دەسسىگەن، ئاستىغا قويۇپ ئولتۇرغان، يىرتقان ياكى كۆيدۈرگەنلەرنى ئېغىر جازاغا تارتقان.






شۇڭا بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلارمۇ مۇقەددەس ئاي-يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىمىزنى كۆزۈمىزنىڭ قارچۇقىدەك ئاسرىشىمىز، ئۈستىگە قالايمىقان خەت يازماسلىقىمىز ۋە ھەمدە ھېچ بىر تەشكىلات ئىسمىنى يازماسلىقىمىز كېرەك. شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى پائالىيەتلىرىدە ئاي-يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىمىز بىلەن بىرگە چوقۇم ئۆزىگە خاس تەشكىلات لوگولىرىنى ئىشلىتىشى كېرەك. ھەرگىزمۇ بايراقنى تەشكىلاتنىڭ لوگوسى سۈپىتىدە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. بۇ بىر ئەقەللى ساۋات.

مەۋجۇت شارائىتتا، مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىمىز تېخى ئەسلىگە كەلمىگەچكە، ھازىرچە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر زىيالىيلارنىڭ ۋەكىللىك ئورگانلىرىدىن بىرى بولغان ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى «شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي-يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىنىڭ رەڭ كودى **#65B7FF**» دەپ بېكىتىشنى قارار قىلدى.

تەتقىقاتچىلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بايراق رەڭ كودى، بايراق مەنىسى ۋە بايراقنىڭ مۇقەددەسلىكى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار يۈزدە يۈز توغرا ۋە مۇۋاپىق بولۇشى ناتايىن، ئەمما ھېچ بولمىغاندا ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ ئەتراپلىق ئىزدىنىشى ۋە تەتقىقاتى نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەسىلىنى بۇ شەكىلدە ھەل قىلىش ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلار ۋە مىللىتىمىزنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۈمىدى.

ئاخىرىدا، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي-يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىنى ياساتقاندا، **#65B7FF** نومۇرلۇق رەڭ كودىنى ئۆلچەم قىلىپ، ئالاھىدە ئەسكەرتكەن ھالدا ياساتتىشنى سەممىمي تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە، بايراقنىڭ مۇقەددەسلىكىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىشكە ۋە بۇ مەلۇماتلارنىڭ كەڭ ئومۇملىشىشى ئۈچۈن ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلەش ۋە تەشۋىق قىلىشقا چاقىرىق قىلىمىز.

**- ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى ئاكادېمىكلار كېڭىشى، 2018-يىلى 7-ئاينىڭ 26-كۈنى، ئىستانبۇل**

## 4. «شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆلچەملىك دۆلەت گېربى ۋە مەنىسى»

شەرقىي تۈركىستاننىڭ دۆلەت گېربىنىڭ شەكلىنى ئاي-يۇلتۇزلۇق بايرىقىمىزنى ئۆلچەملەشتۈرگەندەك ئۆلچەملىك ھالغا كەلتۈرۈشىمىز، دۆلەت گېربىنىڭ مەنىسىدىمۇ ھەرخىل خىيالى كۆز قاراشلارغا تايىنىپ شەرھىيلىمەي، ئىلمىي ئاساسقا ئىگە قىلىشىمىز زۆرۈر.



شەرقىي تۈركىستان دۆلەت گېربىنىڭ ئەسلىدىكى نۇسخىسى يۇقارقىدەك بولۇپ، ھازىر تەشكىلات ۋە ئاكتىپ ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەر تەرىپىدىن ئىشلىتىلىۋاتقان ئۆلچەمسىز شەكىللىرى تۆۋەندىكىدەك بولماقتا.







ئەمدى شەرقىي تۈركىستاننىڭ دۆلەت گېربىنىڭ ئۆلچەملىك شەكلى مەسىلىسىدىمۇ، ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسىدىكى تەتقىقاتچىلار ئىزدىنىش ۋە تالاش تارتىش قىلىش نەتىجىسىدە، ئەسلىدىكى شەكلىنىڭ گېئومېترىك سىممېترىكلىكىنىڭ بولمىغانلىقى ۋە دۆلەت بايرىقىمىزدىكىدەك ئاي-يۇلتۇزنىڭ بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرۇشى كىرەكلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ سول تەرەپتىكى ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن شەكلى مۇۋاپىق كۆرۈلدى.



شەرقىي تۈركىستان دۆلەت گېربىنىڭ مەنىسى بولسا، ئاي ۋە ئوتتۇرىدىكى ھۆسن خەت شەكلىدە يېزىلغان ئەرەبچە «بىسمىللاھ» - شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئېتىقادى بولغان ئىسلامىيەتكە، ئۈست تەرىپىدىكى ئۈچ يۇلتۇز-تارىختا قۇرۇلغان كۆك تۈرك، ئۇيغۇر ۋە قاراخانىلار دۆلىتىگە، ئوڭ ۋە سول تەرەپتىكى بىر-بىرى بىلەن زىچ باغلانغان **18**

نۇقتا-تارىختىن بېرى شەرقىي تۈركىستاندا ياشاپ ئۆتكەن 18 تۈرك قەۋىملىرىنىڭ مىللىي بىرلىكىگە سىمۋول قىلىنغان دەپ قاراشقا بولىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شەرقىي تۈركىستان دۆلەت گېربىدە دۆلەت، مىللەت ۋە ئېتىقاد بىر گەۋدىلەشكەن شەكىلدە ناھايىتى رۇشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

تەتقىقاتچىلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان دۆلەت گېربىنىڭ ئۆلچەملىك شەكلى ۋە مەنىسى يۈزدە يۈز توغرا ۋە مۇۋاپىق بولۇشى ناتايىن، ئەمما ھېچ بولمىغاندا ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلىرىمىز ئەتراپلىق ئىزدىنىش ۋە ئۆزئارا مۇنازىرە قىلىش نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا قويىدى. مەسىلىنى بۇ شەكىلدە ھەل قىلىش ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلار ۋە مىللەتىمىزنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۈمىدى.

ئاخىرىدا، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ دۆلەت گېربىنى ئىشلەتكەندە ۋە مەنىسىنى شەرھىلىگەندە ئالاھىدە دىققەت قىلىپ ئىشلىتىشنى ۋە چۈشەنچە بېرىشنى سەممىي تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە، بۇ مەلۇماتلارنىڭ كەڭ ئومۇملىشىشى ئۈچۈن ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلەش ۋە تەشۋىق قىلىشقا چاقىرىق قىلىمىز.

- ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى ئاكادېمىكلار كېڭەشى، 2018-يىلى 11-ئاينىڭ 10-كۈنى، مىيونخېن

## 5.شەرقىي تۈركىستاندىكى «ئۇيغۇر نوپۇس سانى» نى بىرلىككە كەلتۈرۈش

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇيغۇر نوپۇسى مەسىلىسىدە خىتاي تەرەپنىڭ بىر تەرەپلىمە مەلۇماتلىرى، ياكى مەنبەسى ئېنىق بولمىغان نوپۇس مەلۇماتلىرىنىڭ ئاساسىي ئېقىم بولۇش ھالىتىگە خاتىمە بېرىش، ھېچ بولمىسا يېقىنقى بىر مەنبە ھازىرلاش تولىمۇ مۇھىم بولۇپ، چەتئەل ۋە ئۇيغۇر مەتبۇئاتلىرىغا بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر نوپۇسى مەلۇماتىنى سۇنۇش تولىمۇ زۆرۈر بولماقتا.

**2015**-يىلى خىتاي نوپۇس ئىستاتىستىكىسىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى **11,303,300** دەپ ئاز كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر ۋە خىتايدىن باشقا **12** يەرلىك مىللەتنىڭ جەمئىي نوپۇسىنى تەخمىنەن **3,160,400** دەپ ئېلان قىلغان بولۇپ، خىتايدىن باشقا ئۇيغۇر قاتارلىق **13** شەرقىي تۈركىستان مىللىتىنىڭ جەمئىي نوپۇسىنى تەخمىنەن **14,463,700** دەپ ئېلان قىلغان[1].

**2013**-يىلى ۋەتەندە ئېلان قىلىنغان «ياشلار ئاۋازى» توربەتتىن ئېلىنغان ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، **2013**-يىلى شەرقىي تۈركىستاندىكى **255** ئۇيغۇر پىدائىينىڭ **2010**-يىلىدىن باشلاپ **3** يىللىق جاپالىق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئەڭ يېقىنقى ۋە بىر قەدەر ئىلمىي بولغان مەلۇماتلارنى ئىستاتىستىكا قىلىپ چىققان. بۇ ئىستاتىستىكا ۋەتەن ئىچىدىكى **255** كىشىدىن تەركىپ تاپقان گۇرۇپپا ئەزالىرىنىڭ بىرىنچى قول ياكى ئىشەنچلىك ۋاستىلىق مەلۇماتلىرى بولۇپ، ۋەتەن ئىچىدىكى قاتناشقۇچىلار ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق شەھەر، ناھىيە، يېزا ۋە بازارلاردا ھەرقايسى ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونلار، مەھەللىلەرگە بېرىپ مەلۇمات ئىگەللىگەن[2].

تېخىمۇ تەپسىلىرەك ئېيتقاندا، ۋەتەن ئىچىدىكى ئەزالار ئۆز شارائىتىغا ماس ھالدا بىرىنچى قول نەق مەيدان مەلۇماتلارنى ئۆزگە بۆلۈنگەن رايونلارنىڭ ھەرقايسى ئولتۇراق رايون ۋە مەھەللىلەرگە بېرىپ، شۇ جايدا ئولتۇرۇشلۇق ئىنسانلاردىن بىۋاستە ئىگەللىگەن. ئەزالار بىۋاستە بارالمىغان رايونلاردا بولسا ئەزالارنىڭ مۇناسىۋەت تورى ئارقىلىق ئىككىنچى بىر كىشىنىڭ بېرىشى ئارقىلىق مەلۇمات ئېلىنغان بولۇپ، مەلۇمات ئېلىشقا قاتناشقان ئىككىنچى شەخس گۇرۇپپا ئەزاسىدىن مەلۇمات ئېلىش پىرىنسىپلىرىنى ۋە ئۇسۇللىرىنى ئىگىلىگەن. گۇرۇپپا ئەزاسى ئىككىنچى كىشىدىن ئالغان مەلۇماتلارنىڭ ئىلمىيلىكىنى تەكشۈرگەن ۋە تەپتىشلىگەن.

مەلۇمات رەتلەش ۋە ھېسابلاش خىزمىتىدە، ئالاقىدار كەسپىي بىلىملەرگە ئىگە گۇرۇپپا ئەزالىرى ئىگەللىگەن مەلۇماتلارنى رەتلىگەن ۋە ھېسابلىغان. رەتلەش ۋە ھېسابلاش خىزمىتى تەكشۈرۈش ۋە تەپتىش قىلىش خىزمىتى بىلەن پاراللېل ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئوخشاش مەلۇماتلار ئىككىدىن ئارتۇق مۇستەقىل گۇرۇپپىلاردا ئايرىم ئايرىم ھېسابلانغان ۋە نەتىجە سېلىشتۇرۇلۇش ئارقىلىق، توغرىلىقى ماقۇللانغانلار ساقلانغان، گۇمانلىق ياكى ئىككى گۇرۇپپىنىڭ نەتىجىسى ئوخشىماي چىققانلىرى قايتا ئايرىم ئايرىم ھالدا ئىككى گۇرۇپپىدا ھېسابلانغان.

ئۈچ يىللىق مەخپى ۋە جاپالىق نۇپۇس مەلۇماتى ئىگەللەش نەتىجىسىدە، شەرقىي تۈركىستاندىكى 2013 ـ يىلىدىكى ئۇيغۇر نوپۇسى 18,838,470 (ئون سەككىز مىليون سەككىز يۈز ئوتتۇز سەككىز مىڭ تۆت يۈز يەتمىش) بولغانلىقى ئېنىقلانغان .

نۇپۇسقا ئېلىنمىغان ئۇيغۇرلار يەنە تەخمىنەن بىر مىليۇندىن ئارتۇق دەپ پەرەز قىلغاندا، شەرقىي تۈركىستاندا تەخمىنەن ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ 20 مىليۇن ئۇيغۇر بار دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ رايوندىكى تارقىلىشى: ئۈرۈمچى (1,056,239 يەتتى رايون، بىر ناھىيە)، قەشقەر (5,946,210 بىر شەھەر، ئون بىر ناھىيە)، خوتەن (3,620,958 بىر شەھەر، يەتتى ناھىيە)، ئاقسۇ (2,003,642 بىر شەھەر، سەككىز ناھىيە)، تۇرپان (1,600,325 بىر شەھەر، ئىككى ناھىيە)، قۇمۇل (1,053,049 بىر شەھەر، ئىككى ناھىيە)، ئاتۇش (1,003,627 بىر شەھەر، ئۈچ ناھىيە)، كورلا (982,635 بىر شەھەر، سەككىز ناھىيە)، ئىلى (803,624 ئىككى شەھەر)، بۆرتالا (442,560 بىر شەھەر، ئىككى ناھىيە) ۋە قاراماي (325,601 تۆت رايون).

شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە قىزىقىۋاتقان چەتئەللىكلەرنى سەممىيىتىمىزگە ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن، مۇھاجىرەتتىكى كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئۇيغۇر نوپۇسى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن مۇقىم بىر نۇپۇس مەلۇماتىنى دېيىشىمىز تولىمۇ زۆرۈر. يىللاردىن بۇيان، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇيغۇر نۇپۇسى ھەققىدە دېيىلىپ كېلىۋاتقان 40 مىليۇن، 30 مىليۇن ياكى 25 مىليۇن دېگەندەك ئىلمىي ئاساسىي بولمىغان قىياسلارغا خاتىمە بېرىشىمىز كېرەك .

ۋەتەن ئىچىدە ئۇيغۇرلارغا ئائىت ھوقۇقلۇق مۇستەقىل نۇپۇس ئىستاتىستىكا ئورگىنىمىز بولمىغاچقا، ھازىرچە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر زىيالىلارنىڭ ۋەكىللىك ئورگانلىرىدىن بىرى بولغان ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى شەرقىي تۈركىستاندىكى «ئۇيغۇر نۇپۇسى» نى تەخمىنەن 20 مىليۇن دەپ بېكىتىشنى قارار قىلدى. مەسىلىنى بۇ شەكىلدە ھەل قىلىش ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى زىيالىيلار ۋە مىللىتىمىزنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۈمىدى ئىدى .



ئاخىرىدا، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەر شەرقىي تۈركىستاندىكى «ئۇيغۇر نوپۇسى» نى تاراتقۇ ۋە مەتبۇئاتلاردا ئىشلەتكەندە، ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن «شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر نوپۇسى تەخمىنەن 20 مىليون» دەپ مەلۇمات بېرىشنى، ھەم شۇنداقلا ئۇيغۇر ۋە چەتئەل مەتبۇئات - تاراتقۇلىرىدا بۇ سانلىق مەلۇماتنىڭ كەڭ ئومۇملىششى ئۈچۈن ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلەش ۋە تەشۋىق قىلىشقا چاقىرىق قىلىمىز.

- ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى ئاكادېمىكلار كېڭەشى، 2018 - يىلى 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ئىستانبۇل

پايدىلانغان مەنبەلەر:

[1] ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ئەڭ يېڭى نوپۇس ئىستاتىكىسى (ختايچە) «سوخۇ تورى» http://www.sohu.com/a/209303440_810287 (ئېرىشلگەن ۋاقتى 2018 - يىلى 12 - ئىيۇن)

[2] 2013 ئۇيغۇر نوپۇسى، «ياشلار ئاۋازى تورى» http://yashlarawazi.com/2013/10/11/%D8%A6%DB%87%D9%8A%D8%BA%DB%87%D8%B1-%D9%86%D9%88%D9%BE%DB%87%D8%B3%D9%89-2013/ 【ئۇيغۇر ئاكادېيىسى توردا (http://www.akademiye.org/ug/?p=3509) ئېرىشلگەن ۋاقتى 2013 - يىلى 13 - ئۆكتەبىر】

## 6.ۋەتەن ئىچى - سىرتىدىكى «شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ نوپۇس سانى» نى بىرلىككە كەلتۈرۈش

ھەممىمىزگە ئايان بولغىنىدەك، ختاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكە تارىخىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاساسلىق ئاھالە بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى ھەر دائىم ئاز كۆرسىتىپ كەلگەن. ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى قىياسقا تايانغان نوپۇس مەلۇماتلىرىنىڭ ئاساسىي ئېقىم بولۇش ھالىتىگە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن، 2013-يىلى شەرقىي تۈركىستاندىكى 255 ئۇيغۇر پىدائىينىڭ 3 يىللىق مەخپىي ئىزدىنىشى ۋە جاپالىق تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە «ياشلار ئاۋازى تورى»[1] دا ئېلان قىلىنغان شەرقىي تۈركىستاندىكى 2013-يىلىدىكى ئۇيغۇر نوپۇسى 18,838,470 (ئون سەككىز مىليون سەككىز يۈز ئوتتۇز سەككىز مىڭ تۆت يۈز يەتمىش) دېگەن نوپۇس ئىستاتىستىكىسىنى مەنبە قىلىپ تۇرۇپ، ئارىدىكى 5 يىللىق ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس كۆپىيىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، 2018-يىلىدىكى شەرقىي تۈركىستاندىكى «ئۇيغۇر نوپۇسىنى تەخمىنەن 20 مىليون» دەپ بېكىتىشنى قارار قىلىپ، مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرىگە مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلغان ئىدى. بۇ مۇراجىئەتنامە ئېلان قىلىنىشى بىلەن، ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسىگە ۋەتەن ئىچى-سىرتىدىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ نوپۇسىنى ئىنقىلاپ چىقىش ھەققىدە تەكلىپ ۋە تەلەپلەر كەلدى.

2015-يىلى ختاي نوپۇس ئىستاتىستىكىسىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى 11,303,300 (ئون بىر مىليون ئۈچ يۈز ئۈچ مىڭ ئۈچ يۈز) دەپ ئاز كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر ۋە ختايدىن باشقا 12 يەرلىك مىللەتنىڭ نوپۇسىنى تەخمىنەن 3,160,400 دەپ ئېلان قىلغان[2].

2015-يىلى ختاي نوپۇس ئىستاتىستىكىسىدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قېرىنداش 5 تۈرك قەۋمىنىڭ جەمئىي نوپۇسى تەخمىنەن 1,824,500 (بىر مىليون سەككىز يۈز يىگىرمە تۆت مىڭ بەش يۈز):

- قازاق نوپۇسى 1,591,200 (بىر مىليون بەش يۈز توقسان بىر مىڭ ئىككى يۈز)
- قىرغىز نوپۇسى 202,200 (ئىككى يۈز ئىككى مىڭ ئىككى يۈز)
- ئۆزبەكلەرنىڭ سانى 18,700 (ئون سەككىز مىڭ يەتتە يۈز)
- سالارلارنىڭ سانى 7300 (يەتتە مىڭ ئۈچ يۈز)
- تاتارلارنىڭ سانى 5100 (بەش مىڭ بىر يۈز)

شەرقىي تۈركىستاندىكى باشقا 7 يەرلىك مىللەتنىڭ نوپۇسى تەخمىنەن 1,335,900 (بىر مىليون ئۈچ يۈز ئوتتۇز بەش مىڭ توققۇز يۈز):

- تۇڭگان نوپۇسى 1,015,800 (بىر مىليون ئون بەش مىڭ سەككىز يۈز)
- مۇڭغۇل نوپۇسى 180,600 (يۈز سەكسەن مىڭ ئالتە يۈز)
- تاجىكلارنىڭ نوپۇسى 50,100 (ئەللىك مىڭ يۈز)

- ❖ شىبەلەرنىڭ نوپۇسىنى 43,200 (قىرىق ئۈچ مىڭ ئىككى يۈز)
- ❖ مانجۇلارنىڭ سانى 27,500 (يىگىرمە يەتتە مىڭ بەش يۈز)
- ❖ رۇسلارنىڭ سانى 11,800 (ئون بىر مىڭ سەككىز يۈز)
- ❖ داغۇرلارنىڭ سانى 6,900 (ئالتە مىڭ توققۇز يۈز)

ۋەتەن ئىچىدىكى تەخمىنەن 20 مىليون ئۇيغۇردىن باشقا، يۇقارىقى خىتاينىڭ سانلىق مەلۇماتىنى ھېساپلىغاندا يەرلىك شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ نوپۇسى تەخمىنەن 3,160,400 (ئۈچ مىليون يۈز ئاتمىش مىڭ تۆت يۈز) بولۇپ چىققان. ئەمما خىتاي شەرقىي تۈركىستانلىق يەرلىك مىللەتلەرنىڭ نوپۇسىنىمۇ ئاز كۆرسىتىۋاتقان بولۇشى ئېھتىمالنى كۆزدە تۇتۇپ، ۋەتەندە ئۇيغۇردىن باشقا 12 شەرقىي تۈركىستان مىللىتىنىڭ نوپۇسىنى تەخمىنەن 4 مىليون دەپ قاراشقا بولىدۇ.

خىتايلار شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، «بۆل، پارچىلا ۋە باشقۇر» تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ بېسىم ۋە ئاسسىمىلاتسىيە سىياسىتىنى ئاساسلىق ئۇيغۇرلارغا قارىتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ نارازىلىقىنى رەھىمسىز باستۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى ئاز كۆرسىتىپ كەلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلاردىن باشقا يەرلىك شەرقىي تۈركىستانلىق مىللەتلەرنى ۋاقىتنچە بىۋاستە تەھدىت دەپ كۆرمىگەن ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىشقا ئورۇنغان. ئۇيغۇرلاردىن نوپۇسى خېلىلا ئاز بولغان قازاق، قىرغىز، مۇڭغۇل ۋە تۇڭگانلارغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆپلىگەن تۇپرىقىنى ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ئاپتونوم ناھىيەلەرگە ئايرىپ بۆلۈپ بەرگەن.

ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى ئاكادېمىكلار كېڭىشىدىكى تەتقىقاتچىلار ئىزدىنىش نەتىجىسىدە، ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن 20 مىليون ۋە ئۇيغۇرلاردىن باشقا 12 يەرلىك شەرقىي تۈركىستان مىللىتىنىڭ نوپۇسىنى خىتاي ئاز كۆرسەتتى دېگەندىمۇ، تەخمىنەن 4 مىليون دېيىشكە بولىدىغانلىقىدا بىرلىككە كەلدى. شۇنداق بولغاندا، ۋەتەن ئىچىدىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ نوپۇسىنى تەخمىنەن 24 مىليون دەپ ئېلىشقا بولىدىغانلىقى جەزىملەشتۈرۈلدى.

مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ نوپۇسى مەسىلىسىدە، ھەرقايسى دۆلەتلەردە ياشاۋاتقىلى ئۇزۇن يىل بولغان، ئۇيغۇرلارغا ئارىلىشىپ ئۆتىدىغان ھەر دۆلەتتىن ئەڭ ئاز ئۈچ ئۇيغۇر زىيالىي ۋە تەتقىقاتچىدىن مەلۇمات ئېلىش نەتىجىسىدە، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن 805,350 (سەككىز يۈز بەش مىڭ ئۈچ يۈز ئەللىك) ئەتراپىدا ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.[1]

بىز تەكشۈرۈپ ئېنىقلىيالمىغان ۋە ئادەتتە ئۇيغۇرلارغا ئارىلاشمايدىغان مۇھاجىرەتتە يەنە 200 مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر بار دېيىلگەندە، مۇھاجىرەتتە تەخمىنەن بىر مىليون شەرقىي تۈركىستانلىق بار دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

[1] دوتسېنت دوكتور ئەركىن ئەمەت، دوكتور نەبىجان تۇرسۇن، دوكتور مەمتىمىن ئەلا، دولقۇن ئەيسا، سىراجىدىن ئەزىزى، دوكتور مەمەت ئېمىن، ئۆمەر قانات، رۇقىيە تۇردۇش، ئابدۇغېنى سابىت، دوكتور دىلنۇر قاسىموۋا، پروفېسسور سەيفۇللاھ ئابدۇللايېۋ، قاسىم ئازات ۋە ئۆمەر ئۇيغۇر قاتارلىق ئۇيغۇر تەتقىقاتچى ۋە زىيالىيلارنىڭ ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ھەققىدە ئىزدىنىش نەتىجىسىدە تەمىنلىگەن سانلىق مەلۇماتلىرى نەزەردە تۇتۇلدى.

ئىنقىلاش نەتىجىسىدە، مۇھاجىرەتتىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى تەخمىنەن تۆۋەندىكىچە:

1. قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر نوپۇسى 400,000 (تۆت يۈز مىڭ)
2. قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇر نوپۇسى 120,000 (يۈز يىگىرمە مىڭ)
3. ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇر نوپۇسى 120,000 (يۈز يىگىرمە مىڭ)[2]
4. تۈركمەنىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 5,000 (بەش مىڭ)
5. تاجىكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 1,000 (مىڭ)
6. رۇسىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 4,500 (تۆت مىڭ بەش يۈز)
7. پاكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 7,000 (يەتتە مىڭ)
8. ئافغانىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 2,000 (ئىككى مىڭ)
9. سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 55,000 (ئەللىك بەش مىڭ)
10. باشقا ئەرەب، ئافرىقا ۋە شەرقىي جەنۇبى ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى تەخمىنەن 1000 (مىڭ)
11. تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ نوپۇسى 60,000 (ئاتمىش مىڭ، ئۇيغۇرلار 50 مىڭ، قازاق ۋە باشقا شەرقىي تۈركىستانلىقلار 10 مىڭ)
12. ياۋروپادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 13,000 (ئون ئۈچ مىڭ)
13. ئامېرىكادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 8,000 (سەككىز مىڭ)
14. كانادادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 4,250 (تۆت مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك)
15. ئاۋستىرالىيە ۋە يېڭى زېلاندىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 2,600 (ئىككى مىڭ ئالتە يۈز)
16. ياپونىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 2,000 (ئىككى مىڭ)

شەرقىي تۈركىستان مەسلىسىگە قىزىقۋاتقان چەتئەل دۆلەتلىرىنىڭ ئىشەنچىسى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ نوپۇسى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن مۇقىم بىر نوپۇس مەلۇماتىنى دېيىشىمىز تولىمۇ زۆرۈر.

[2] كېيىنكى بىر يېرىم ئەسىر ئىچىدە ئۆزبېكىستانغا بىر مىليون ئەتراپىدا ئۇيغۇر كۆچكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئۇيغۇرلارغا ئەڭ يېقىن بولغان ئۆزبەك قېرىنداشلىرىمىزغا تامامەن سىڭىشىپ كەتكەن. كۈنىمىزدە ئۆزبېكىستاندا تەخمىنەن 120 مىڭ ئەتراپىدا ھېلىھەم ئۆزىنى ئۇيغۇر دەپ ياشايدىغانلارنىڭ بار ئىكەنلىكى ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن جەزىملەشتۈرۈلمەكتە.

شەرقىي تۈركىستانغا ئائىت مۇستەقىل نوپۇس ئىستاتىستىكا ئورگىنىمىز بولمىغاچقا، ھازىرچە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر زىيالىلارنىڭ ۋەكىللىك ئورگانلىرىدىن بىرى بولغان ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى «پۈتۈن دۇنيادىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ نوپۇسىنى تەخمىنەن 25 مىليون» دەپ بېكىتىشنى قارار قىلدى. بۇ سانلىق مەلۇمات يۈزدە يۈز توغرا بولۇشى ناتايىن، ئەمما ھېچ بولمىغاندا مەلۇم بىر مەنبەگە تايىنىپ تۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەسىلىنى بۇ شەكىلدە ھەل قىلىش ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى زىيالىيلار ۋە مىللىتىمىزنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۈمىدى.




ئاخىرىدا، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەر پۈتۈن دۇنيادىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ نوپۇسىنى تاراتقۇ ۋە مەتبۇئاتلاردا ئىشلەتكەندە، ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن «شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 20 مىليون»، «شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتايدىن باشقا 12 يەرلىك شەرقىي تۈركىستان مىللىتىنىڭ ئومۇمى نوپۇسى 4 مىليون» ۋە «مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار تەخمىنەن 1 مىليون» دەپ ئېلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا، «ۋەتەن ئىچى-سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن 25 مىليون» دەپ مەلۇمات بېرىشىنى، ھەم شۇنداقلا ئۇيغۇر ۋە چەتئەل مەتبۇئات - تاراتقۇلىرىدا بۇ سانلىق مەلۇماتنىڭ كەڭ ئومۇملىشىشى ئۈچۈن ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلەش ۋە تەشۋىق قىلىشقا چاقىرىق قىلىمىز.

- ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى ئاكادېمىكلار كېڭىشى، 2018-يىلى 6-ئاينىڭ 24-كۈنى، ئىستانبۇل

پايدىلانغان مەنبەلەر:

[1] 2013 ئۇيغۇر نوپۇسى، «ياشلار ئاۋازى تورى» http://yashlarawazi.com/2013/10/11/%D8%A6%DB%87%D9%8A%D8%BA%DB%87%D8%B1-%D9%86%D9%88%D9%BE%DB%87%D8%B3%D9%89-2013/ 【ئۇيغۇر ئاكادېيىسى توردا (http://www.akademiye.org/ug/?p=3509) ئېرىشلگەن ۋاقتى 2013-يىلى 13-ئۆكتەبىر】

[2] ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەڭ يېڭى نوپۇس ئىستاتىكىسى (خىتايچە) «سوخۇ تورى» http://www.sohu.com/a/209303440_810287 (ئېرىشلگەن ۋاقتى 2018-يىلى 12-ئىيۇن)

## 7.«شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال مارشىنىڭ ئەسلى تېكىستى»

ھەممىمىزگە ئايان بولغىنىدەك، 1933-يىلى 12-نويابىردا قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىستىقلال مارشى»، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مىللىي مائارىپ ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ يولباشچىسى مەرھۇم مىللىي شائىرىمىز مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندى تەرىپىدىن يېزىلغان. نۆۋەتتە مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرى تەرىپىدىن تەمىنلەنگەن ئىستىقلال مارشىنىڭ پەرقلىق نۇسخىلىرى مەۋجۇت بولۇپ، مارش تېكىستىدە بەزى مىسرا ۋە سۆزلەردە روشەن پەرقلەر مەۋجۇت.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، ھەرقايسى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ۋە ئاكتىپ ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەر يېقىندىن بۇيان شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال مارشىنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدا ئومۇملىشىشى ۋە قايتا جارالىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان بىر پەيتتە، بىر-بىرىدىن پەرقلىق ئەسلى تېكىستلەرنى سېلىشتۇرۇپ، ئىستىقلال مارشىنىڭ ئەسلىسىگە سادىق بولۇش پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلغان ئاساستا قايتا رەتلەپ چىقىش، مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن ئەڭ مۇۋاپىق بولغىنىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش تولىمۇ زۆرۈر بولماقتا.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ «ئىستىقلال مارشى مۇكاپاتى» چاقىرىقىدا تەمىنلىگەن «ئىستىقلال مارشىنىڭ ئەسلى تېكىستى» تۆۋەندىكىچە[1]:

قۇرتۇلۇش يولىدا سۇدەك ئاقتى بىزنىڭ قانىمىز،
سەن ئۈچۈن ئەي يۇرتىمىز، بولسۇن پىدا بۇ جانىمىز.
قان كېچىپ ھەم جان بېرىپ، ئاخىر قۇتۇلدۇردۇق سېنى،
قۇتقۇزۇشقا قەلبىمىزدە بار ئىدى ئىمانىمىز.

يۇرتىمىز بىز يۈز-كۆزۈڭنى قان بىلەن پاكىزلىدۇق،
ئەمدى ھېچ كىرلەتمىگەيمىز، چۈنكى تۈركتۇر نامىمىز.
يارۇ ھەمدەم بولدى بىزنىڭ ھىممىتىمىز سەن ئۈچۈن،
دۇنيانى سورىغان ئىدى ھىممەت بىلەن ئەجدادىمىز.

ئاتىللا، چىڭگىز، تۆمۈر دۇنيانى تىترەتكەن ئىدى،
جان بېرىپ شان ئالمىز، بىز ھەم ئۇلار ئەۋلادى بىز.
ئاتىلارنىڭ جەڭلىرى ئۆچمەيدۇ تارىخ بېتىدىن،
ئۆرلىگەن يالقۇن بىلەن پاكلاندى بەلكىم نامىمىز.

چىقتى جان ھەم ئاقتى قان بولدى ياۋدىن ئەل ئامان،
ياشىسۇن ھېچ ئۆلمىسۇن گۈزەل ئىستىقبالىمىز.
ياشىسۇن مىلك ياشىسۇن پارلاق ئىستىقبالىمىز!

يۇقاردا تەمىنلەنگەن «ئىستىقلال مارشىنىڭ ئەسلى تېكىستى» دە بولسا:

ئاتىلارنىڭ جەڭلىرى ئۆچمەيدۇ تارىخ بېتىدىن،
ئۆرلىگەن يالقۇن بىلەن پاكلاندى بەلكىم نامىمىز.

دەپ ئېلىنغان بولۇپ، بۇ مىسرالار دىققەتسىزلىكتىن باشقا مىسرالار بىلەن ئارلىشىپ كېتىپ، مەزمۇن جەھەتتىن بىر-بىرگە ماس كەلمىگەن. مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندىنىڭ بىقۇۋالغان پەرزەنتى ۋە ئىزچىلىرىدىن بىرى بولغان مىرئەخمەت سېيىت ئەپەندى تەرىپىدىن تەمىنلەنگەن «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال مارشىنىڭ ئەسلى تېكىستى» ۋە ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىدىن تارقىتىلغان «يورۇق ساھىللار» سەھىپىسىنىڭ 8-سانىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال مارشىنىڭ ئەسلى تېكىستى»، ھەممىدە باشقا مەنبەلەردىكى ئەسلى تېكىستلەردە تۆۋەندىكىدەك ئېلىنغان:

ئاتىلارنىڭ جەڭلىرى ئۆچمەيدۇ تارىخ بېتىدىن،
نەسلى قالدى جەڭگىۋار، بىز ئۇنىڭ ئەۋلادى بىز.

مارشىنىڭ 3-كوپلىتىدىكى «ئاتىللا، چىڭگىز، تۆمۈر دۇنيانى تىترەتكەن ئىدى، جان بېرىپ شان ئالىمىز، بىز ھەم ئۇلار ئەۋلادى بىز.» دىگەن مىسرالار مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندىنىڭ بىقۇۋالغان پەرزەنتى ۋە ئىزچىلىرىدىن بىرى بولغان مىرئەخمەت سېيىت ئەپەندى تەرىپىدىن تەمىنلەنگەن «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال مارشىنىڭ ئەسلى تېكىستى» دە ۋە باشقا بىر قانچە مەنبەلەردىمۇ تىلغا ئېلىنمىغان. ھەم بۇ مىسرالارنى ئىشلىتىشمۇ ھازىر تالاش - تارتىشقا سەۋەب بولماقتا.

مىرئەخمەت سېيىت تەرىپىدىن تەمىنلەنگەن «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال مارشىنىڭ ئەسلى تېكىستى»[2]:

قۇرتۇلۇش يولدا سۇدەك ئاقتى بىزنىڭ قانىمىز،
سەن ئۈچۈن ئەي يۇرتىمىز، بولسۇن پىدا بۇ جانىمىز.
قان كېچىپ ھەم جان بېرىپ، ئاخىر قۇتۇلدۇردۇق سېنى،
قەلبىمىزدە قۇرتۇلۇشقا بار ئىدى ئىمانىمىز.

يۇرتىمىز بىز يۈز-كۆزۈڭنى قان بىلەن پاكىزلىدۇق،
ئۆرلىگەن يالقۇن بىلەن پاكلاندى بەلكى نامىمىز.
يارۇ ھەمدەم بولدى بىزنىڭ ھىممىتىمىز سەن ئۈچۈن،
شانۇ-شۆھرەتلىك ئىدى ھىممەت بىلەن ئەجدادىمىز.

ئاتىلارنىڭ جەڭلىرى ئۆچمەيدۇ تارىخ بېتىدىن،
نەسلى قالدى جەڭگىۋار، بىز ئۇنىڭ ئەۋلادى بىز.
چىقتى جان ھەم ئاقتى قان، بولدى دۈشمەندىن ئەل ئامان،
ياشىسۇن ملك ياشىسۇن پارلانسۇن ئىستىقبالىمىز!

يۇقارىقى مارشىنىڭ 3-كوپلىتى «قەلبىمىزدە قۇرتۇلۇشقا بار ئىدى ئىمانىمىز.» دەپ ئېلىنغان، ئەمما د ۋ ق تەمىنلىگەن ئەسلى تېكىستتە ئىپادىلەنگىنىدەك «قۇتقۇزۇشقا قەلبىمىزدە بار ئىدى ئىمانىمىز.» دەپ ئېلىنىشى مەنا بىردەكلىكى جەھەتتىن تېخىمۇ مۇۋاپىق دەپ قارالدى. يەنە مارشىنىڭ 4- ۋە 5- مىسرالىرىدىكى «يۇرتىمىز بىز يۈز-كۆزۈڭنى قان بىلەن پاكىزلىدۇق، ئۆرلىگەن يالقۇن بىلەن پاكلاندى بىزنىڭ نامىمىز.» دىگەن مىسرالار، د ۋ ق تەرىپىدىن تەمىنلەنگەن ئەسلى تېكىستتە دېيىلگىنىدەك

«يۈرتىمىز بىز يۈز-كۆزۈڭنى قان بىلەن پاكىزلىدۇق، ئەمدى ھىچ كىرلەتمىگەيمىز، چۈنكى تۈركتۈر نامىمىز.» دەپ ئېلىنغىنى مەنا جەھەتتىن تېخىمۇ مۇۋاپىق دەپ قارالدى.

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىدىن تارقىتىلغان يوروق ساھىلارنىڭ 8-ساندىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال مارشىنىڭ ئەسلى تېكىستى» [3]:

قۇتۇلۇش يولىدا
(شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال مارشى)
مەمتىلى توختاجى (تەۋپىق)

قۇتۇلۇش يولىدا سۇدەك ئاقتى بىزنىڭ قېنىمىز،
سەن ئۈچۈن ئەي يۇرتىمىز پىدا بولسۇن جېنىمىز.
قان كېچىپ ھەم جان بېرىپ ئاخىر قۇتۇلدۇردۇق سېنى،
قۇتۇلۇشقا قەلبىمىزدە بار ئىدى ئىمانىمىز.

يۇرتىمىز بىز يۈز-كۆزۈڭنى قان بىلەن پاكىزلىدۇق،
ئۆرلىگەن يالقۇن بىلەن پاكلاندى بىزنىڭ نامىمىز.
يارۇ-ھەمدەم بولدى بىزنىڭ ھىممىتىمىز سەن ئۈچۈن،
شانۇ-شەۋكەتلىك ئىدى ھىممەت بىلەن ئەجدادىمىز.

ئاتىلارنىڭ جەڭلىرى ئۈچمەيدۇ تارىخ بېتىدىن،
نەسلى قالدى جەڭگىۋار بىز ئۇنىڭ ئەۋلادى بىز.
چىقتى جان ھەم ئاقتى قان، بولدى ياۋدىن ئەل ئامان،
ياشىسۇن! ملك ياشىسۇن!! گۈزەل ئىستىقباللىمىز.

يۇقارىقى مارشىنىڭ 3-كوپلېتى «قۇتۇلۇشقا قەلبىمىزدە بار ئىدى ئىمانىمىز.» دەپ ئېلىنغان، بۇ مىسرانىڭ ئوخشاشلا د ۋ ق تەمىنلىگەن ئەسلى تېكىستتە ئىپادىلەنگىنىدەك «قۇتقۇزۇشقا قەلبىمىزدە بار ئىدى ئىمانىمىز.» دەپ ئېلىنىشى مەنا بىردەكلىكى جەھەتتىن تېخىمۇ مۇۋاپىق دەپ قارالدى. يەنە مارشىنىڭ 4- ۋە 5- مىسرالىرىدىكى «يۇرتىمىز بىز يۈز-كۆزۈڭنى قان بىلەن پاكىزلىدۇق، ئۆرلىگەن يالقۇن بىلەن پاكلاندى بىزنىڭ نامىمىز» دېگەن مىسرالار، د ۋ ق تەرىپىدىن تەمىنلەنگەن ئەسلى تېكىستتە دېيىلگىنىدەك «يۇرتىمىز بىز يۈز-كۆزۈڭنى قان بىلەن پاكىزلىدۇق، ئەمدى ھىچ كىرلەتمىگەيمىز، چۈنكى تۈركتۈر نامىمىز.» دەپ ئېلىنغىنى مەنا جەھەتتىن تېخىمۇ مۇۋاپىق دەپ قارالدى.

ۋەتەن ئىچىدە يولغا قويۇلغان «كەڭساي تور مۇنبىرى» دە ئېلان قىلىنغان «مىللىي ئارمىيىنىڭ مارشى» تۆۋەندىكىچە[4]:

قۇتۇلۇش يولىدا سۇدەك ئاقتى بىزنىڭ قېنىمىز،
سەن ئۈچۈن ئەي يۇرتىمىز پىدا بولسۇن جېنىمىز.
قان كېچىپ ھەم جان بېرىپ ئاخىر قۇتۇلدۇردۇق سېنى،
قۇتۇلۇشقا قەلبىمىزدە بار ئەھدى-ئىمانىمىز.

يۇرتىمىز بىر يۈز-كۆزۈڭنى قان بىلەن پاكىزلىدۇق،
ئۆرلىگەن ياللقۇن بىلەن پاكلاندى بىزنىڭ نامىمىز.
يارۇ-ھەمدەم بولدى بىزنىڭ ھىممىتىمىز سەن ئۈچۈن،
شانۇ-شەۋكەتلىك ئىدى ھىممەت بىلەن ئەجدادىمىز.

ئاتىلارنىڭ جەڭلىرى ئۆچمەيدۇ تارىخ بېتىدىن،
نەسلى قالدى جەڭگىۋار بىز ئۇنىڭ ئەۋلادى بىز.
چىقتى جان ھەم ئاقتى قان، بولدى ياۋدىن ئەل ئامان،
ياشىسۇن! ملك ياشىسۇن! گۈزەل ئىستىقبالىمىز...

يەنە يۇقارقى مارشنىڭ 3-كوپلىتى «قۇتۇلۇشقا قەلبىمىزدە بار ئەھدى - ئىمانىمىز.» دەپ ئېلىنغان، بۇ يەردە باشقا ئەسلى تېكىستلىرىنىڭ ھېچ بىرىدە مەۋجۇت بولمىغان «ئەھدى» سۆزى دىققەت تارتىدۇ. بۇ مىسرامۇ ئوخشاشلا د ۋ ق تەمىنلىگەن ئەسلى تېكىستتە ئىپادىلەنگىنىدەك «قۇتقۇزۇشقا قەلبىمىزدە بار ئىدى ئىمانىمىز.» دەپ ئېلىنىشى مەنا بىردەكلىكى جەھەتتىن تېخىمۇ مۇۋاپىق دەپ قارالدى. يەنە مارشنىڭ 4- ۋە 5- مىسرالىرىدىكى «يۇرتىمىز بىر يۈز-كۆزۈڭنى قان بىلەن پاكىزلىدۇق، ئۆرلىگەن ياللقۇن بىلەن پاكلاندى بىزنىڭ نامىمىز» دېگەن مىسرالار، د ۋ ق تەمىنلىگەن ئەسلى تېكىستتە دېيىلگىنىدەك «يۇرتىمىز بىر يۈز-كۆزۈڭنى قان بىلەن پاكىزلىدۇق، ئەمدى ھېچ كىرلەتمىگەيمىز، چۈنكى تۈركتۇر نامىمىز.» دەپ ئېلىنغىنى مەنا جەھەتتىن تېخىمۇ مۇۋاپىق دەپ قارالدى.

شەرقىي تۈركىستانلىق ھايات شاھىتلىرىمىزدىن ئامېرىكىدىكى غولامىدىن پاختا ئەپەندى مارشنىڭ پەقەت بىرلا كۇبلېتىنى خاتىرلىيەلىگەن بولۇپ، ئۇ تەمىنلىگەن «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال مارشىنىڭ ئەسلى تېكىستى» تۆۋەندىكىچە:

قۇتۇلۇش يولىدا سۇدەك ئاقتى بىزنىڭ قانىمىز،
سەن ئۈچۈن ئەي يۇرتىمىز بولسۇن پىدا بۇ جانىمىز.
ئاتىلا، چىڭگىز، تۆمۈر، دۇنيانى تىترەتكەن ئىدى،
بىز ئۇنىڭ ئەۋلادى بىز، بولسۇن پىدا ملك جانىمىز.

ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بېغىشلىغان غۇلامىدىن پاختا ئەپەندىمۇ ئىستىقلال مارشىنى تولۇق ئېسىگە ئالالمىغان ۋە مىسرالارنى بىر-بىرىگە ئالماشتۇرۇپ ئېسىدە تۇتىۋالغان. دېمەك بۇنىڭدىن موېيسپىت ئىزچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تەمىنلىگەن «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال مارشى ئەسلى تېكىستى» لىرىنى تولۇق ۋە توغرا ئىسىدە تۇتتى دەپ كېسىپ ئېيتىشقا بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

مۇسا تۈركىستانىنىڭ «ئۇلۇغ تۈركىستان پاجىئەسى» ناملىق كىتابىنىڭ 58-بېتىدە مەرغىلانلىق تۇرغۇنجان ئابدۇرېھىم ئوغلى تولۇئىي تەمىنلىگەن «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال مارشىنىڭ ئەسلى تېكىستى» تۆۋەندىكىچە[5]:

قۇتۇلۇش يولىدا سۆدەك ئاقتى بىزنىڭ قانىمىز،
سەن ئۈچۈن ئەي يۇرتىمىز، بولسۇن پىدا بۇ جانىمىز.
يۇرتىمىز بىزيۈز-كۆزۈڭنى قان بىلەن پاكىزلىدۇق،
ئەمدى بىز كىرلەتمىگەيمىز، چۈنكى تۈرك ئەۋلادى بىز.

يار ھەمدەم بولدى بىزنىڭ ھىممەتىمىز سەن ئۈچۈن،
قولىمىزدا قۇتۇلۇشقا بار ئىدى ئىمانىمىز.
ئاتىللا، چىڭگىز، تېمۇر دۇنيانى تىترەتكەن ئىدى،
جان بېرىپ نام ئالارمىز، بىز ھەم ئۇلار ئەۋلادىمىز.

چىقتى جان ھەم ئاقتى قان، دۈشمەندىن بولدى ئەل ئامان،
ياشاسۇن، ھىچ ئۆچمەسۇن، پارلانسۇن ئىستىقبالىمىز!

يۇقارقى مارشنىڭ 4-مىسراسىدا «ئەمدى بىز كىرلەتمىگەيمىز، چۈنكى تۈرك ئەۋلادى بىز.» دەپ ئېلىنغان بولۇپ، باشقا مەنبەلەردە «ئەمدى ھىچ كىرلەتمىگەيمىز، چۈنكى تۈركتۇر نامىمىز.» دېيىلگەن. بۇ مارشنىڭ 5- ۋە 6-مىسرالىرىدا، «يار ھەمدەم بولدى بىزنىڭ ھىممەتىمىز سەن ئۈچۈن، قولىمىزدا قۇتۇلۇشقا بار ئىدى ئىمانىمىز.» ئېلىنغان بولۇپ، د ۋ ق تەمىنلىگەن ئەسلى تېكستتە دېيىلگىنىدەك «يارۇ ھەمدەم بولدى بىزنىڭ ھىممىتىمىز سەن ئۈچۈن، دۇنيانى سورىغان ئىدى ھىممەت بىلەن ئەجدادىمىز.» دەپ ئېلىنغىنى مەنا جەھەتتىن تېخىمۇ مۇۋاپىق دەپ قارالدى.

يالقۇن رۇزى تەرىپىدىن يېزىلغان «مەمتىلى تەۋپىق» ناملىق بۇ كىتابىنىڭ 208-بېتىدە تەمىنلەنگەن «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال مارشىنىڭ ئەسلى تېكستى» تۆۋەندىكىچە[6]:

سەن ئۈچۈن ئەي يۇرتىمىز، بولسۇن پىدا بۇ جانىمىز،
قۇتۇلۇش يولىدا سۆدەك ئاقتى بىزنىڭ قانىمىز.
قان كېچىپ ھەم جان بېرىپ ئاخىر قۇتۇلدۇردۇق سېنى،
قۇتۇلۇشقا قەلبىمىزدە بار ئىدى ئىمانىمىز.

يۇرتىمىز بىز يۈز-كۆزۈڭنى قان بىلەن پاكىزلىدۇق،
ئۆرلىگەن يالقۇن بىلەن پاكلاندى بەلكى نامىمىز.
يارۇ ھەمدەم بولدى بىزنىڭ ھىممەتىمىز سەن ئۈچۈن،
شانۇ-شۆھرەتلىك ئىدى ھىممەت بىلەن ئەجدادىمىز.

ئاتىلارنىڭ جەڭلىرى ئۆچمەيدۇ تارىخ بېتىدى،
نەسلى قالدى جەڭگىۋار، بىز ئۇنىڭ ئەۋلادى بىز.
چىقتى جان ھەم ئاقتى قان، بولدى ياۋدىن ئەل ئامان،
ياشىسۇن، مىڭ ياشىسۇن، گۈزەل ئىستىقبالىمىز!=

يۇقارىقى مارشنىڭ 1 ـ ۋە 2 ـ مىسراسى ئالمىشىپ قالغان. يەنە مارشنىڭ 4 ـ ۋە 5 ـ مىسرالىرىدىكى «يۇرتىمىز بىز يۈز ـ كۆزۈڭنى قان بىلەن پاكىزلىدۇق، ئۆرلىگەن يالقۇن بىلەن پاكلاندى بىزنىڭ نامىمىز» دىگەن مىسرالار، د ۋ ق تەمىنلىگەن تېكستتە دېيىلگىنىدەك «يۇرتىمىز بىز يۈز ـ كۆزۈڭنى قان بىلەن پاكىزلىدۇق، ئەمدى ھىچ كىرلەتمەگەيمىز، چۈنكى تۈركتۇر نامىمىز.» دەپ ئېلىنغىنى مەنا جەھەتتىن تېخىمۇ مۇۋاپىق دەپ قارالدى.

7 ـ ۋە 8 ـ مىسرالار بىر ـ بىرىگە ماس كەلمىگەن. 8 ـ مىسرا ئەسلىدە «دۇنيانى سورىغان ئىدى ھىممەت بىلەن ئەجدادىمىز» بولۇشى مەزمۇن جەھەتتىن ماس كېلىدۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسىدىكى تەتقىقاتچىلار «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال مارشى» نىڭ يۇقىرىدا كۆرستىلگەن ئوخشىمىغان نۇسخىلىرىدىكى ئەسلى تېكىستلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن قۇرۇلمىلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ بىرلىكتە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال مارشى» نىڭ ئەسلى تېكىستلىرىنى تەمىنلىگۈچىلەرنىڭ مارشنى چالا ياكى خاتا ئېسىدە تۇتتۇۋېلىش ئېھتىماللىقى سەۋەبىدىن، بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولغان «ئىستىقلال مارشى» نۇسخىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىپ چىققانلىقىنى جەزملەشتۈردى.

ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسىدىكى تەتقىقاتچىلار، «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال مارشى» دىكى مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندىنىڭ تىل ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكى، مارشنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئۇ دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر يېزىق تىلىدا سۆزلۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلاشمايدىغانلىقىدەك يېزىق ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاخىرىدا ئىستىقلال مارشىنىڭ تۆۋەندىكى 3 كوپلېت تېكستىنى «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال مارشى ئەسلى تېكىستلىرىنىڭ سېلىشتۇرۇلۇپ رەتلەنگەن نۇسخىسى» سۈپىتىدە قوللىنىشقا بولىدىغانلىقى ھەققىدە ھەم پىكىرگە كەلدى ۋە بۇ خىل نۇسخىسىنى قوللىنىش ھەققىدە قارار ئالدى.



«شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال مارشى ئەسلى تېكىستلىرىنىڭ سېلىشتۇرۇلۇپ رەتلەنگەن نۇسخىسى» يۈزدە يۈز توغرا بولۇشى ناتايىن، ئەمما ھېچ بولمىغاندا ئوخشىمىغان مەنبەلەردىكى ئەسلى تېكىستلەرنى بىر-بىرى بىلەن سېلىشتۇرۇش ۋە مەنا جەھەتتىن ماس كەلمىگەن مىسرالىرنى تېپىپ چىقىش ئارقىلىق ئەڭ مۇۋاپىق دەپ قارالغىنى رۇياپقا چىقتى. مەسىلىنى بۇ شەكىلدە ھەل قىلىش مىللىتىمىزنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ۋە كۈچ چىقىرىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۈمىدىدۇر.

ئالدىنقى ۋە ئاخىرقى كوپلېتىدىن تەركىپ تاپقان مۇراسىملاردا ئىشلىتىش ئۈچۈن تەييارلانغان شەرقىي تۈركىستان مىللىي مارشىنىڭ قىسقا مۇزىكىلىق ئەسلى تېكىستى ۋە باشقا نۇسخىلىرىنى تۆۋەندىكى ئۇلانمىدىن كۆرۈشكە بولىدۇ: https://www.youtube.com/watch?v=G6xSYj_hVrY

قۇرتۇلۇش يولىدا سۇدەك ئاقتى بىزنىڭ قانىمىز،
سەن ئۈچۈن ئەي يۇرتۇمىز، بولسۇن فىدا بۇ جانىمىز.
قان كەچىپ ھەم جان بەرىپ، ئاخىر قۇرتۇلدۇردۇق سەنى،
قۇرتقۇزۇشقا قەلبىمىزدە بار ئىدى ئىمانىمىز.

***

ئاتالارنىڭ جەڭلەرى ئۆچمەيدۇ تارىخ بەتىدىن،
نەسلى قالدى جەڭگاۋەر، بىز ئۇنىڭ ئەۋلادى بىز.
چىقتى جان ھەم ئاقتى قان، بولدى ياۋدىن ئەل ئامان،
ياشاسۇن، مىلى ياشاسۇن، پارلانسۇن ئىستىقبالىمىز!

ئاخىرىدا، مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ۋە ئاكتىپ ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەرنىڭ تاراتقۇ ۋە مەتبۇئاتلاردا «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال مارشىنىڭ ئەسلى تېكىستى» نى قوللانغاندا، ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن تەييارلانغان «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال مارشى ئەسلى تېكىستلىرىنىڭ سېلىشتۇرۇلۇپ رەتلەنگەن نۇسخىسى» نى قوللىنىشقا ۋە پائال ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلەش ۋە كەڭ تەشۋىق قىلىشقا چاقىرىق قىلىمىز.

- ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى ئاكادېمىكلار كېڭىشى، 2018-يىلى 7-ئاينىڭ 5-كۈنى، ئىستانبۇل

پايدىلانغان مەنبەلەر:


[1] د ئۇ ق نىڭ «ئىستىقلال مارشى مۇكاپاتى» ئۆتكۈزۈش چاقىرىقى، «د ۇ ق ئورگان تورى» http://www.uyghurcongress.org/uy/?p=35434 (ئېرىشىلگەن ۋاقتى 2018-يىلى 04-ئىيۇل)

[2] شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەسمى دۆۋلەت ئىستىقلال مارشى «ش ت ج سۈرگۈن ھۆكۈمىتى يوتيۇب قانىلى» https://www.youtube.com/watch?v=0MMIT7XWcfQ&t=81s (ئېرىشىلگەن ۋاقتى 2018-يىلى 04-ئىيۇل)

[3] يورۇق ساھىللار 8-سان «ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئۇيغۇر بۆلۈمى» https://www.rfa.org/uyghur/yoruq-sahillar/yoruq-sahillar-10032011115409.html (ئېرىشىلگەن ۋاقتى 2018-يىلى 04-ئىيۇل)

[4] مىللىي ئارمىيىنىڭ مارشى «ۋىسال ستودىيىسى تورى» http://www.wisalstudio.com/uy/readpost.php?id=790 (ئېرىشىلگەن ۋاقتى 2018 - يىلى 04 - ئىيۇل)

[5] مۇسا تۈركىستانى، «ئۇلۇغ تۈركىستان پاجىئەسى» ناملىق كىتابىنىڭ 58 - بېتىدە مەرغىلانلىق تۇرغۇنجان ئابدۇرېھىم ئوغلى تولۇئىي تەمىنلىگەن قوتۇلۇش شېئىرى https://www.elkitab.org/wp - content/uploads/2017/06/FAJIE.pdf (ئېرىشىلگەن ۋاقتى 2018 - يىلى 04 - ئىيۇل)

[6] يالقۇن روزى، 1997 - يىلى 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، «مەمتىلى ئەپەندى» ناملىق كىتاب، 208 - بەت قوتۇلۇش شېئىرى، شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، ئۈرۈمچى

ئەسكەرتىش: يۇقارىدا ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى ئاكادېمىكلار كېڭىشىدىكى تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەييارلانغان مەلۇماتلار دەسلەپكى نۇسخا بولۇپ، خاتالىق ۋە سەۋەنلىكتىن پۈتۈنلەي خالىي دېگىلى بولمايدۇ. ۋاقتىنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات نەتىجىسىدە، كەم يا كى خاتا كەتكەن يەرلەر بولسا ۋاقتىدا تۈزىتىلىدۇ.

ئاخىردا، مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ۋە ئاكتىپ ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەرنىڭ تاراتقۇ ۋە مەتبۇئاتلاردا شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىدە پايدىلىق بولىشى ئۈچۈن يۇقارىقى شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەييارلانغان مەلۇماتلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاكتىپ قوللىنىشقا ۋە پائال ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە چاقىرىق قىلىمىز.

- ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى ئاكادېمىكلار كېڭىشى، 2018 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى